# ھەقىقىي ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ھەقىقىي ئىبادەت بىلەمسىز؟ ھەقىقىي ئىبادەت قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇرۇنقى زامانلاردا ھەممىگە قادىر خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ ئىش مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇنغا پۈتۈلگەن. خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە خۇدا ئىكەنلىكىنى، ئۆز بەندىلىرىنىڭ بۇتقا چوقۇنماسلىقىنى بىۋاستە ئېيتقان. تەۋراتتا:

> «رەببىڭلار بولغان خۇداغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، پەقەت ئۇنىڭلا قۇلى بولۇڭلار! دەپ خاتىرىلەنگەن» (تەۋرات: «موسانىڭ بەشىنچى كىتابى» 3-باب، 8- ئايەت).

خۇدا ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇدا ئىنسانلار قەلبىنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى بولۇشىنى، يەنى خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان جاي بولۇشىنى خالايدۇ. خۇدا ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتتىن باشقا، ھېچقانداق نەرسە بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر بىز خۇدانىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرسەك، بەختىيار ۋە مۇكەممەل ئادەم بولىمىز. چۈنكى، خۇدا ئۆزىنى سۆيىدىغانلارغا چەكسىز ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىدۇ. ئىنجىلدا ئېيتىلغاندەك:

> «خۇدانى سۆيگەنلەرگە ئۇنىڭ تەييارلىغانلىرى دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان، ھېچقانداق ئادەم ئويلىمىغان نەرسىلەردۇر» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 2-باب، 9- ئايەت).

ئىنجىلدە كىشىلەرنىڭ خۇداغا ئىبادەت قىلماي، قەستەن بۇتقا چوقۇنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئىنجىلدە مۇنداق يېزىلغان:

> «ئىنسانلار خۇدانى بىلسىمۇ، ئۇنى خۇدا، دەپ ئۇلۇغلىمىدى ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ خۇدا توغرىسىدىكى ئوي-پىكىرلىرى بىمەنە بولۇپ، نادان قەلبى قاراڭغۇلۇققا تولدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەقىللىق ھېسابلىسىمۇ،

> لېكىن ئەقىلسىز بولۇپ چىقتى. ئۇلار مەڭگۈ ھايات بولغان ئۇلۇغ خۇداغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئادەمزاتقا، قۇشلارغا، تۆت پۇتلۇق ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارغا ئوخشايدىغان بۇتلارغا چوقۇندى» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب، 21-ئايەتتىن 23-ئايەتكىچە).

بۇتقا چوقۇنىدىغانلار خۇداغا ئىبادەت قىلمىغاچقا ۋە خۇدانى دوست تۇتمىغاچقا، خۇدا ئۇلارنى ھاماقەت نادانلاردىن قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ ئاستا-ئاستا قارىيىپ، خۇدانىڭ ھەقىقىي ئىلاھلىقىنى بىلىدىغان ئەقىل-پاراسىتىدىن مەھرۇم بولدى. بۇتقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ كۆڭلى قارا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي ئەسكىلىك (شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، ھورۇنلۇق، ھەسەتخورلۇق، ھىيلە-مىكىرلىك، زەھەرخەندىلىك ۋە قاتىللىق) بىلەن تولدى. ئۇلار پەقەتلا ئۆز شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ۋە كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا ئويلايدۇ، ۋاھالەنكى خۇدانىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتى بولسا، بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئۆز مېھىر-مۇھەببىتى، پاكلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن تولدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر كىشى پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇدانى دوست تۇتمىسا، خۇداغا ئىبادەت قىلمىسا، ئۇنىڭ قەلبىنى باشقا نەرسىلەر بەند قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىلەر شۇ كىشىنىڭ قەلبىدە بۇتقا ئايلىنىدۇ. بۇت دېگىنىمىز پەقەتلا ئادەملەر قولى بىلەن ياسالغان جانسىز نەرسىلەرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى خۇدادىن مۇھىم، خۇدادىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بارلىق شەيئى ۋە ئارزۇ-ھەۋەسلەردۇر. بۇ بۇتلار بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاستا-ئاستا خۇدانىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، مۇشۇ ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۆزى بۇتتۇر. كەشمىرلىك مەشھۇر شائىر ئەكبەر: «بۇت ئالدىدىكى سەگەك كاپىر، پاھىشەخانادا ئۇخلاپ ياتقان دىنداردىن ياخشى» دەپ يازغان. بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇتقا چوقۇنىدىغان كىشى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئېھتىمال ئۆزىنى ھەقىقىي ئىلاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئۇ كۈن بويى بۇتقا ئىلتىجا قىلغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى ساداقەتلىك ۋە سەگەكلىك بولۇشنى خالىشى مۇمكىن. ھالبۇكى پاھىشەخانادا ئۇخلاپ ياتقان، سىرتقى جەھەتتىن ناھايىتى تەقۋادار كۆرۈنگەن دىندارمۇ ئىلتىجا قىلىدۇ، سەدىقە بېرىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ يېگانە ھەقىقىي ئىلاھقا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى شەخسىي

ئارزۇ-ھەۋەسلەر بىلەن تولغان. بەلكىم پاھىشەخانادا ئۇخلاپ ياتقان بۇ دىندار بۇتخانىدىكى كاپىرغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك بۇتقا چوقۇنۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىر كىشىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بەلگىلەيدۇ. خۇدا تەۋراتتا ئۆزى:

> «مۇشۇنداق ئادەملەر ئاغزىدا ماڭا ھۆرمەت قىلسىمۇ، ئەمما دىلىدا مەندىن يىراق تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلغىنى بىكار دېگەن» (تەۋرات: «يەشايا» 29-باب، 3-ئايەت).

ئەسكى ئويلار ئىنسانلار قەلبىنى ئاسانلا ئىگىلىۋالىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بۇ يامان خىياللار ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بۇلغايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا:

> «ئىنساننى ناپاك قىلىدىغان نەرسە ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى ئىنساننىڭ دىلىدىن خىلمۇخىل يامان غەرەزلەر، زىناخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ئالدامچىلىق، شەھۋەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىك چىقىدۇ. بۇ يامان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساننى بۇلغايدۇ دېگەنىدى» (ئىنجىل: «ماركۇس» 7-باب، 18-ئايەتتىن 23-ئايەتكىچە).

ئەگەر بىر كىشى ئۆز قەلبىنىڭ گۇناھ بىلەن تولۇشىغا يول قويسا، ئۇنىڭ قەلبىنى بۇت ئىگىلەيدۇ. خۇدا بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدۇ. خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئىچ-باغرىدىكىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان خۇدادۇر. بەزىدە بىز ئۆز كۆڭلىمىزدە نېمە يامان نىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز. گەرچە بىز خۇداغا چىن دىلىمىزدىن ئىبادەت قىلىمىز دېسەكمۇ، لېكىن قەلبىمىزدە خۇدادىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ياكى خۇدانىڭ پەرمانلىرىدىن مۇھىم تۇرىدىغان نەرسىلەر بولىدۇ. تەۋراتتىكى پادىشاھ سۇلايماننىڭ «پەند-نەسىھەتلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يېزىلغان:

> «ئىنسان ھەممە ئىشنى توغرا قىلدىم، دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نىيىتىنى خۇدا كۆزىتىپ تۇرىدۇ» («پەند-نەسىھەتلەر» 16-باب، 2-ئايەت)

كىشىلەر قەلبىنى بەند قىلىۋالىدىغان بۇتلار خىلمۇخىل بولىدۇ، مەسىلەن: ھوقۇق ۋە مەنپەئەتكە، ھۇزۇر-ھالاۋەتكە، نام-شۆھرەتكە،

مال ـ دۇنياغا بولغان تاماخورلۇق مانا شۇلارنىڭ بەزىلىرىدۇر. بەزى كىشىلەر ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقىلارنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆز مەنپەئەتىدۇر. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بۇت بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىدۇر. بەزىدە ھەتتا دىنىي ئىشلارمۇ بۇتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: بىز باشقىلارنىڭ ماختىشى ياكى ھۆرمەتلىشىگە ئېگە بولۇش ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلساق، بىز خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن قەلبىمىز كىبىرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن تولىدۇ.

نەپسانىيەتچىلىك كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان بىر خىل بۇت بولۇپ، بەزى كىشىلەر پۇلنىلا ئويلايدۇ. بەزى كىشىلەر باي بولسىمۇ، يەنە تېخىمۇ كۆپرەك بايلىققا ئېگە بولۇشنى ئويلايدۇ. ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى مەڭگۈ قانمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر كەمبەغەل بولۇپ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئىگىلىۋېلىشنىلا ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار بېيىساق بەختلىك بولىمىز دەپ قارايدۇ. ئۇلار كىچىككىنە پۇلغىمۇ نەپسانىيەتچىلىك قىلىدۇ. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەمبەغەل ياكى باي بولايلى، ئەگەر بىز پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن خۇدانى دوست تۇتساق بەختلىك بولىمىز. ھەزرىتى ئەيسا كىشىلەرگە مال ـ دۇنيانى قوغلىشىشنىڭ خەتەرلىكى توغرىسىدا تەلىم بەرگەندە:

« ـ ھەر خىل ئاچكۆزلۈكتىن پەخەس بولۇڭلار ۋە ساقلىنىڭلار. چۈنكى كىشى ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئەھمىيىتى مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپلۈكىگە باغلىق ئەمەس، ـ دېدى، ھەمدە ئۇلارغا مۇنداق بىر تەمسىلنى سۆزلەپ بەردى ـ بىر باينىڭ يېرى مول ھوسۇل بېرىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: ‹ بۇنچىۋالا ھوسۇلنى قويىدىغان يېرىم يوق، قانداق قىلسام بولار؟ دەپ ئويلاپتۇ. توغرا، ھازىرقى ئامبىرىمنى بۇزۇپ، كېڭەيتىپ سېلىپ، ئاشلىق ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىمنى شۇ يەرگە قويمامدىمەن؟! › دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە: ‹ ۋاي ـ ۋۇي، مەن نېمىدېگەن بەختلىك ئادەم! كۆپ يىل يەتكۈدەك مال ـ مۈلكۈم بار. يەپ ـ ئىچىپ، تۇرمۇشۇڭنى خۇشال ـ خۇرام، راھەت ئۆتكۈزەلەيمەن؟! › دەپتۇ.

لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا:

‹ ئەي ئەخمەق، بۈگۈن كېچىلا ئامانەتنى تاپشۇرىسەن، ئۇنداقتا

ئۆزۈڭگە توپلىغان بارلىق بايلىقىڭ ئەمدى كىمگە قالار؟›
دەپتۇ.
ھەزرىتى ئەيسا بۇ تەمسىلنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېدى:
-ئۆزىگە بايلىق توپلىغان، ئەمما خۇدانىڭ نەزىرىدە باي
بولمىغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇنداق بولىدۇ!» (ئىنجىل:
«لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 15-ئايەتتىن
21- ئايەتكىچە)

بەزى كىشىلەر مال-دۇنيانى خۇدادىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. بىر كۈنى بىر باي يىگىت ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «مەن قانداق قىلسام مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىمەن؟ دەپ سورايدى». بۇ باي يىگىتنىڭ ياخشى ئىش ئارقىلىق جەننەتكە كىرەلەيمەن دېگەن مەقستى بولسا كېرەك. لېكىن بۇ يىگىتنىڭ قەلبىدىكى سىرنى، يەنى ئۆز مال-دۇنياسىنى خۇدادىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئەيسا ئۇنىڭغا:

«سىزدە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش كەم. پۈتۈن
مال-مۈلكىڭىزنى سېتىپ، پۇلنى كەمبەغەللەرگە بېرىڭ.
شۇنداقتا، ئەرشتە خەزىنىڭىز بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ماڭا
ئەگىشكىن! ھېلىقى كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن بىئارام
بولدى، چۈنكى بۇ ناھايىتى باي ئىدى» (ئىنجىل: «لۇقا بايان
قىلغان خۇش خەۋەر» 18-باب، 22- ۋە 23- ئايەت).

يىگىت ئۆز مال-مۈلكىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى. دېمەك، ئۇنىڭ قەلبىدىكى بايلىق بىر بۇت ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولغان بىلەن مەڭگۈلۈك
ھاياتتىن مەھرۇم قالسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟!»
(ئىنجىل: «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 9-باب
25-ئايەت)

يەنە بىر مىسال: زاكاي ئىسىملىك ناھايىتى نەپسانىيەتچى بىر ھىيلىگەر باجگىر بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى ھەزرىتى ئەيسا بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. زاكاي ئۆز نەپسانىيەتچىلىكى ۋە ھىيلىگەرلىكى تۈپەيلىدىن يۈرىكى قاتتىقلىشىپ، شەخسىيەتچى بولۇپ كەتكەندى. ئۇ باشقىلارنىڭ قانداقلىقىنى زادىلا ئويلاپ

قويماي، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر بىر كىشى ناھايىتى نەپسانىيەتچى بولسا، ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قىلىدۇ. چۈنكى بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ گۇناھلار بىلەن تولىدۇ. زاكايمۇ مۇشۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىدا بىر ھەيران قالارلىق ئىش يۈز بەردى. زاكاي ھەزرىتى ئەيسا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزگىرىش بولدى! ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزگەردى؟

زاكاي ھەزرىتى ئەيسانى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئەيسا خۇدانىڭ زور قۇدرىتىگە تايىنىپ ئىش قىلاتتى ۋە مۆجىزىلەرنى ياراتاتتى. ئۇ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تولغانىدى. مۇشۇ دۇنياغا كېلىپ گۇناھسىز ئۆتكەن ئادەم پەقەتلا ھەزرىتى ئەيسا ئىدى. ئۇ خۇدانىڭ زور قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ-قۇدرەت بېرەلەيدۇ! زاكاي ئەيسانىڭ خۇدانى پۈتۈن قەلبى بىلەن سۆيىدىغانلىقىنى كۆردى. زاكاينىڭ قەلبىنى نەپسانىيەتچىلىك ۋە ھىيلىگەرلىك قاپلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ گۇناھلاردىن خالى بولۇپ ئەيسادەك پاك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئەيسا بىلەن سۆزلەشكەندە ئۆز گۇناھىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئۆز نەپسانىيەتچىلىكىگە توۋا قىلدى. شۇ چاغدا ھەزرىتى ئەيسا ئەتراپىدىكىلەرگە:

> «بۈگۈن بۇ ئادەم قۇتقۇزۇلدى. چۈنكى، ئۇ ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنىڭ ئىبراھىمنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىنسانئوغلى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى» (ئىنجىل: «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19-باب، 9- ۋە 10- ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن زاكاي ئۆزگەردى. ئۇ توۋا قىلىپ مال-مۈلكىنىڭ يېرىمىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە كىشىلەردىن ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق بىلەن سوقۇۋالغان پۇلنى تۆت ھەسسە قاتلاپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇدانى دوست تۇتتى ۋە خۇداغا خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.

خۇدا مۇقەددەسدۇر. بىز خۇداغا پاك قەلب ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك. خۇدا مانا مۇشۇنداق ئىبادەتنىلا قوبۇل قىلىدۇ. خۇداغا

قىلىدىغان ئىبادەت پەقەتلا سەجدە قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمىزدە. ئەگەر بىز ئۆز خىزمەتلىرىمىزنى خۇداغا تايىنىپ پۈتۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن قىلساق بۇمۇ خۇداغا قىلىنغان ئىبادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ قەلبىمىز خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن. ئەگەر بىزنىڭ قەلبىمىز ھەر خىل بۇتلارغا ئىگە بولۇپ خۇداغا ئىبادەت قىلساق، خۇدا قانداقمۇ بىزنىڭ بۇ ئىبادىتىمىزنى قوبۇل قىلالىسۇن؟

ئۇنداق بولسا، خۇداغا قىلىنىدىغان ئىبادەت دېگەن زادى نېمە؟ ئىبادەت پەقەت تىزلىنىپ خۇداغا باش ئۇرۇشمۇ؟ ياق، پەقەت بۇلا ئەمەس. بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا خۇدانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىمىزدۇر. ئاددىيراق بىر نەچچە مىسال ئالايلى، ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇش، سەمىمىي بولۇش، باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىساق، بىزمۇ ئۇلارغا (مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ياكى باشقا مىللەت بولسۇن) شۇنداق مۇئامىلە قىلىش، خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلىرىگە داۋاملىق ھەمدۇسانا ئېيتىشتۇر. دېمەك، خۇدا ئۈچۈن ئۆز قەلبىمىزدىن توختاۋسىز ئۇرغۇلۇپ چىققان مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىبادەتتۇر. ئىبادەت ھەرگىزمۇ ساۋاپ ئېلىش ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك. تەۋراتتا مۇنداق ئېيتىلغان: «خۇدايىڭ بولغان رەببىنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆي، خوشناڭنى ئۆزەڭنى سۆيگەندەك سۆي» شۇڭا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتلەردىن باشقا ئىبادەتلەر مۇقەددەس خۇداغا لايىق ئەمەس.

بەلكىم سىز زاكايىغا ئوخشاش ئۆز گۇناھلىرىڭىزدىن قۇتۇلۇپ قەلبى پاك بولغان بىر يېڭى ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانسىز؟ سىز بەلكىم ساۋابلىق ئىشلار بىلەن گۇناھتىن خالى بولغىلى بولامدۇ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ساۋابلىق ئىشلار بىلەن گۇناھتىن خالى بولۇش مۇمكىن ئەمەس! چۈنكى ساۋابلىق ئىش بىزنىڭ قەلبىمىزنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ. كۆرۈنۈشتە بىز ياخشى ئادەمدەك كۆرۈنسەكمۇ لېكىن كۆڭلىمىز يەنىلا قاراڭغۇ ۋە پاسكىنىچىلىق بىلەن تولغان بولىدۇ. ئىنسان ئۆز قەلبىدىكى پاسكىنىچىلىقنى ئۆزى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇنى پەقەت ھەممىگە قادىر خۇدالا ئۆزگەرتەلەيدۇ. خۇدا بىزنى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزدىن شۇنداقلا گۇناھلىق ماھىيىتىمىزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەيسانى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى ۋە شۇ گۇناھنىڭ

بەدىلىنى ئۆزى گۇناھسىز تۇرۇقلۇق تۆلىدى. خۇدانىڭ مۇقەددەس قانۇنى بويىچە گۇناھنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر. بۇ جازانى گۇناھسىز بولغان ھەزرىتى ئەيسا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن كرېستكە مىخلىنىپ قۇربان بولدى. شۇ چاغدا ئۇ بىز ئۈچۈن سويۇلغان ھەقىقىي قۇربانلىق قوزا بولغانىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن خۇدا زور قۇدرىتى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى ۋە قىرىق كۈندىن كېيىن ئاسمانغا ئەپچىقىپ بارلىق شان-شەرەپلەرنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدى. خۇدا ئەيسانى ھەم بىزنىڭ رەببىمىز ھەم بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن قۇتۇلدۇرىدىغان قۇتقۇزغۇچى قىلىپ تەيىنلىدى! مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئۆز گۇناھلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى رەببىم دەپ ئېتىراپ قىلسا، پەقەت ئەيسانىڭ قېنىلا مېنى گۇناھلىرىمدىن پاك قىلالايدۇ دەپ ئىشەنسە، شۇنداقلا ئۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلىسە، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى يېپيېڭى ۋە پاك قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان يېڭى ۋە مەڭگۈلۈك ئىبادەتخانا بەرپا بولىدۇ.

ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب 24- ئايەتتە:

> «خۇدا روھتۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلار روھى بىلەن ۋە خۇدا ئاشكارىلىغان ھەقىقەت بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك» دېيىلگەن.

خۇدانىڭ ئالدىدا بىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىمىز ياكى چىرايلىق قىلىپ ئېيتقان ساختا سۆزلىرىمىز مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بىزنىڭ خۇداغا بولغان ھەقىقىي دىلىمىز ۋە سەمىمىيەتلىكىمىز. بىز پەقەتلا ئەيسانىڭ قېنى ئارقىلىق بۇ ھەقىقىي دىلغا ۋە سەمىمىيەتلىككە ئېرىشەلەيمىز.

ئەمدى بىز بۇ كىتابچىنى تۆۋەندىكى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچى: خۇدا رەھمەت ساڭا، سەن بىزگە ھەقىقىي قۇربانلىقنى ئەۋەتتىڭ، بۇ قۇربانلىق ئەيسا مەسىھتۇر. ئۇنىڭ مېنىڭ گۇناھىمنى دەپ كرېستكە مىخلانغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن ھازىر گۇناھلىرىمدىن ۋاز كېچىمەن ۋە ئەيسانى مېنىڭ قۇتقۇزغۇچى رەببىم دەپ ئېتىراپ قىلىمەن. شۇنداقلا سېنىڭ مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. سېنىڭ مۇقەددەس روھىڭ

مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالسۇن! سەن مېنىڭ قەلبىمنى يېپيېڭى ۋە پاك قىلىپ ئۆزگەرتكىن! ساڭا كۆپتىن كۆپ رەھمەت! سەن مېنىڭ قەلبىمنى ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان يېڭى ۋە مەڭگۈلۈك ئىبادەتخانا قىلىپ بەرپا قىلغىن! سېنى چىن دىلىم بىلەن ۋە سەممىيەتلىكىم بىلەن سۆيىمەن! دىلىم ۋە تىلىم بىردەك ھالدا مەڭگۈ ساڭا ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن ۋە سەجدە قىلىمەن! ھەزرىتى ئەيسانىڭ نامى بىلەن. ئامىن!

> «ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆلۈمگە تاپشۇرۇلۇپ، بىزنىڭ ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلىنىشىمىز ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلدى. شۇڭا، بىز ئېتىقادىمىز ئارقىلىق ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلىنىپ، رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئىناق مۇناسىۋەت بولدۇق» (ىنجىل:«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 4- باب 25- ئايەت ۋە 5-باب، 1- ئايەت)